## 106468 ـ شەۋۋال ئېينىڭ ئالتە كۈنلۈك روزىسىنى دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنىنىڭ روزىسى بىلەن بىرگە تۇتسا بولامدۇ؟

### سۇئال

دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈندە روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىش ئۈچۈن شەۋۋال ئېيىنىڭ ئالتە كۈنلۈك روزىسىنى دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈندە تۇتسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شۇنداق، بۇنىڭدا گۇناھ بولمايدۇ، سىز ئۈچۈن شەۋۋالنىڭ ئالتە كۈن ۋە دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتقاننىڭ ئەجىر-ساۋابى بولىدۇ- ئىنشائاللاھ-.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "شەۋۋالنىڭ ئالتە كۈنلۈك روزىسى دۈشەنبە ياكى پەيشەنبە كۈنىنىڭ روزىسى بىلەن بىر كۈنگە توغرا كەلسە، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىگە شەۋۋالنىڭ ئالتە كۈنلۈك روزىسىنى تۇتۇشنىڭ نىيىتى بىلەن دۈشەنبە ياكى پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتقاننىڭ ئەجىر-ساۋابى ھاسىل بولىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتكە ئاساسەن بولىدۇ، ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن نىيەت قىلغان ئىشى بولىدۇ. [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھنىڭ "ئىسلام پەتىۋالىرى"2-توم 154-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.